ئومۇمىي خەلق ساغلام بولۇش، گۈزەل تۇرمۇشقا قەدەم قويۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى «ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت خەلق تۇرمۇشى ۋەدىسىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى. ساغلام جۇڭگونىڭ بىر يېپيېڭى خەرىتىسى قەدەممۇقەدەم سىزىلىۋاتىدۇ.

【بىرىنچى ھېكايە】

«15 مىنۇتلۇق داۋالىنىش چەمبىرىكى» يۇرتداشلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە قولايلىق ياراتتى

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۆڭۈل بۆلۈشنى توسۇپ قالالمايدۇ.

2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياڭسۇ جېنجياڭدىكى دەنتۇ رايونى شىيې بازارلىق شىپاخانىغا كېلىپ، يېزىلارنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

«شۇ چاغدا ھاۋا سوغۇق ئىدى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە مەن ئەسلىدە بىر قولۇمنى ئۇزاتقانىدىم، يەنە بىر قولۇم يانچۇقۇمدا ئىدى، لېكىن ئۇ ئىككى قولى بىلەن مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى، مەن دەرھال يەنە بىر قولۇمنىمۇ چىقاردىم».

ئەينى چاغدا نەق مەيداندىكى ۋېي دىڭيۇ بوۋاينىڭ ھېس قىلغىنى يالغۇز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئالقىنىنىڭ ھارارىتىلا ئەمەس ئىدى: «ئۇ كۈنى باش شۇجى سالامەتلىك ئەھۋالىمىزنى سورىغاندىن باشقا، يەنە بىزنىڭ كېسەل كۆرسىتىشىمىزنىڭ قولايلىق ياكى قولايلىق ئەمەسلىكى، داۋالىنىش ھەققىنىڭ قىممەت ياكى قىممەت ئەمەسلىكى، يېزىلارنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە خىزمىتىدىن رازى ياكى رازى ئەمەسلىكىمىزگە كۆڭۈل بۆلدى».

تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، 75 ياشلىق ۋېي دىڭيۇ پات ـ پات شىپاخانىغا كېلىپ، ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىدە قان بېسىمىنى ئۆلچەيدۇ، ئۇ باش شۇجىنىڭ تاپىلىغانلىرىنى قەلبىدە چىڭ ساقلاپ كەلمەكتە.

ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا باش شۇجىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر غېمى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: داۋالاش ـ سەھىيە خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەش، داۋالاش ـ سەھىيە بايلىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شەھەر ـ يېزا ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى باراۋەرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنى بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، قولايلىق، ئەرزان ئاممىۋى سەھىيە ۋە ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

ئاز ـ ئازدىن تىرىشىپ، بىرقەدەم ـ بىر قەدەمدىن ماڭسىمۇ، مىڭ چاقىرىملىق ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىيې بازارلىق شىپاخانا جېنجياڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋالاش گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، دىيابېت كېسىلى قاتارلىق بەش بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيە قۇرۇپ، ئادەتتىكى بۆلۈملەرنى تولۇق تەسىس قىلغاندىن سىرت، يەنە سەيچاۋ، تولۇق ئاپتوماتىك بىيوخىمىيەلىك ئانالىز ئەسۋابى قاتارلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ سەپلىدى.

ۋېي دىڭيۇمۇ شىپاخانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق ھېس قىلدى: «گەرچە بازاردا بولساقمۇ، لېكىن شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىكىدەك داۋالاشقا ئېرىشەلەيمىز.» لاۋ ۋېينىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە تىزى ئاغرىغاندا، شىپاخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جيەڭ ۋېنخۇي ئۇنىڭ تىزىنى سۈرەتكە ئېلىپ، دەرھال جېنجياڭ شەھەرلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا يوللاپ بەردى، بىر مىنۇتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنلا دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا سۆڭەك ئۆسۈكچىسى دەپ قويغان دىياگنوزى يېتىپ كەلدى. «نومۇر ئېلىشتىن سۈرەتكە تارتىشقىچە ئاران بەش مىنۇتلا ۋاقىت سەرپ قىلدىم، 12 يۈەنلا خەجلىدىم. بۇنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم!»

بازارلىق شىپاخانىدىكى ئۆزگىرىش جېنجياڭنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى پۇختا قەدىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. يىراقتىن دىياگنوز قويۇش، دەرىجىگە ئايرىپ داۋالاش ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرى بىلەن شۇ جايدىكى 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار بىرلەشمە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش مېخانىزمى ئورناتتى، پۇقرالار ئىشىكى ئالدىدىكى «15 مىنۇتلۇق داۋالىنىش چەمبىرىكى»دىن بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ قولايلىق، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىيې بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ شىپاخانا ئامبۇلاتورىيەسىدە كېسەل كۆرسىتىش نىسبىتى 2015 ـ يىلدىن بۇرۇنقى %63تىن 2018 ـ يىلدىكى %81.6كە ئۆرلىدى.

【مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى】

ئىشىك ئالدىدىكى شىپاخانىنىڭ ياخشى قۇرۇلۇش ـ قۇرۇلماسلىقى ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

شىيې بازىرى، ھەيۋەتلىك چاڭجياڭ دەرياسىدىكى «بىر كىچىك ئارال». ئىلگىرى پۈتۈن بازاردىكى تەخمىنەن 14 مىڭ پۇقرا «ھەم ئاغرىپ قېلىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى، ھەم قاتناش سەۋەبلىك داۋالىنالماي قېلىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى».

2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باش شۇجى شى جىنپىڭ شىيې بازارلىق شىپاخانىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يېزا ـ بازارلىق بۇ شىپاخانا ئاھالىلەرگە ئېلىپ كەلگەن «ساغلاملىق پايدىسى» تەدرىجىي قويۇپ بېرىلىۋاتىدۇ، «كىچىك كېسەللەر ئارالدىن چىقماسلىق» رېئاللىققا ئايلىنىۋاتىدۇ.

ۋېي دىڭيۇ ھېس قىلغان «مىنۇتتىلا تورىدىن مۇتەخەسسىسلەر نومۇرى ئېلىش» بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام داۋالاش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ «كۈچەيگەنلىكى»نىڭ ئىخچام كارتىنىسى ــ ھازىر، دۆلىتىمىز شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىغان ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمەت تورىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى «15 مىنۇتلۇق داۋالىنىش چەمبىرىكى»نى كۈچەپ بەرپا قىلماقتا. پۇقرالارنىڭ «ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش» ئارزۇسى كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىشتىكى ئەمەلىي نەپكە ئايلانماقتا.

【ئىككىنچى ھېكايە】

ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى «توسالغۇ»نى تازىلىدى

لولياڭ تاغلىق رايونىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان سەنشى ئۆلكىسىنىڭ كېلەن ناھىيەسىنىڭ تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر، داۋانلىرى تىك، يەرلىرى ئۈنۈمسىز ئىدى.

قاتناش قولايسىز بولۇش، ئائىلىسى نامرات بولۇش، كېسەللىك بۇ جايدىكى يۇرتداشلارنى چىڭ چۈشەپ قويغانىدى.

بۇ نامرات جاي، ئۈنۈمسىز تۇپراقتا جاۋجياۋا كەنتىدىكى ۋاڭ سەنىۋ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتەتتى.

ياش ۋاقتىدا، ۋاڭ سەنىۋ رېماتىزىم خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى ۋە يۇقىرى قان بېسىمىغا گىرىپتار بولغان، مۇشۇ يىللاردا يەنە سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۆلگىنىنىڭ ئۈستىگە تەپەك دېگەندەك، ئالدىنقى يىللاردا ئېرى، ئوغلى كەينى ـ كەينىدىن قازا قىلدى، كېلىنىمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، مېيىپ نەۋرە ئوغلى، نەۋرە قىزى ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلىشىغا قالدى.

2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار بۇ ئائىلىگە كىرىپ، ۋاڭ سەنىۋگە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش توغرىسىدا تەسەللىي بەردى، شۇ جايدىكى كادىرلارغا ئۇنىڭ نەۋرە ئوغلى ۋە نەۋرە قىزىنى ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى. بۇ ئىللىقلىق ۋاڭ سەنىۋنىڭ قەلبىگە چىڭ ئورناپ كەتتى.

كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەللىك سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىشتىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بۇ «توسالغۇ» باش شۇجى شى جىنپىڭ جەزمەن ياخشى ھەل قىلىشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن مەسىلە.

كېلەن ناھىيەسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە تەييۈەندە ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن ئاممىنى داۋالاش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، خەير ـ ساخاۋەت بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىن يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن كەنت بويىچە كۆچۈشكە ئەگىشىپ، ۋاڭ سەنىۋ كېسەك ئۆيدىن يېڭى بىناغا كۆچۈپ كىردى، ئائىلە دوختۇرى دائىم ئۆيىگە كېلىپ داۋالاپ دورا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۆتكەن يىلى، ۋاڭ سەنىۋ ئىككى قېتىم دوختۇرخانىدا ياتتى، ئومۇمىي خىراجەت 8914.3 يۈەن بولغانىدى، ئۆزى 525.77 يۈەنىنىلا تۆلىدى.

كېلەن ناھىيەلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېڭ فۇشېڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ، كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەردىن بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دوختۇرخانىدا ياتقانلار 3967 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئومۇمىي چىقىم 26 مىليون 132 مىڭ 400 يۈەن بولدى، «ئۈچ سۇغۇرتا، ئۈچتە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش» بويىچە ئاتچوت قىلدۇرۇش تولۇقلىمىسى ئارقىلىق نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئاتچوت قىلدۇرۇش نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇردۇق.

«ئۈچ سۇغۇرتا، ئۈچتە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش» باش شۇجى شى جىنپىڭ 2017 ـ يىلى سەنشىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، سەنشى ئۆلكىسى كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن يولغا قويغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن تولۇقلاپ ئاتچوت قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، نامرات ئاھالىلەرنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى، داۋالىنىشىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ سەنىۋ ئائىلىسىدىكى ئۈچ جان مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يېشى 70كە يېقىنلىشىپ قالغان ئۇ چىن قەلبىدىن ھاياجانلىنىپ: «ياخشى دەۋرگە ئۇلاشقانلىقىمىز بىزنىڭ ئەڭ زور بەختىمىز» دېدى.

【مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى】

« قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىنى بىر قېتىم چاقىرسىڭىز، بىر چوشقىنى بىكارغا باققان بولىسىز؛ دوختۇرخانىدا بىر قېتىم ياتسىڭىز، بىر يىل بىكارغا ئىشلىگەن بولىسىز».

كەڭ تارقالغان بۇ قوشاق دېھقانلارنىڭ ئاغرىپ قېلىشتىن قورقىدىغانلىقى، ئاغرىپ قالسا خىراجەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى ئىدى.

قەيەردە قىيىنچىلىق بولسا، شۇ يەرنىڭ غېمىنى يېيىش.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، ھازىرغا قەدەر، دۆلىتىمىزدە كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلاشقان، قايتا نامراتلاشقان 6 مىليون 700 مىڭ ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنى ئېغىر كېسەللىك مەخسۇس تۈرى بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تىزىملىكىدىكى كېسەللىك تۈرى 25 خىلغا كۆپەيتىلدى.

كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن نوپۇسنىڭ «تېگى ـ تەكتى»نى ئېنىقلاپ، كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇشنى ھەل قىلىشنىڭ «رېتسېپ»نى يېزىش ئۈچۈن، كەلگۈسى ئىككى يىلدا، دۆلىتىمىز داۋالاش كاپالىتى سىياسىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى دەل جايىدا تولۇقلاپ، تېخىمۇ كۆپ «ۋاڭ سەنىۋ»لەرنى كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

【ئۈچىنچى ھېكايە】

پۇقرالارنىڭ دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىدىكى تۆۋەن چەك ياخشى ساقلاندى

«بىخەتەر بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش، خاتىرجەم بولۇش» ــ تۆت يىل ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جىلىن ئاۋتۇڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى يەنجى پاي چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، دورا ئىشلەپچىقىرىلىشىغا مۇشۇنداق تەلەپ قويدى.

«تۆت يىلدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىدىكى دەستۇرغا ئايلاندى، بىز ئۇنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇمايمىز» دېدى شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يوۋ خەيتاۋ.

توقۇز كۈنلىرى بولسىمۇ، يوۋ خەيتاۋ يەنىلا رەتلىك ئىش كىيىمى كىيىۋالغانىدى.

ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغاندىن كېيىن، يوۋ خەيتاۋ كىچىك بىر تال دورا تابلېتكىسىنىڭ ئارقىسىدىكى خەلق تۇرمۇشىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشنى تېخىمۇ چۈشەندى: «كىچىككىنە بىر تال دورا بىر كارخانىنىڭ دورا بىخەتەرلىكى، ئۈنۈمى، يېڭىلىق يارىتىشتىكى مەسئۇلىيىتى، ئۇ جانغا تاقىشىدىغان ئىش، شۇنداقلا كارخانىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى بەلگىلەيدۇ».

«دورا بىخەتەرلىكىدە مەسئۇلىيەت تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر... ھەر بىر دورا ياساش كارخانىسى جەزمەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھەر بىر خىل دورا، ھەر بىر تال دورىنىڭ ھەممىسىدە بىخەتەر بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش، خاتىرجەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.» يوۋ خەيتاۋ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەينى يىلى خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە كەلگەن سېختا تۇرۇپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى بىر خەتنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي تەكرارلىدى.

ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇ سۆزلەرنى پىششىق يادلىۋېلىشىمدىكى سەۋەب، بۇنىڭ باش شۇجى تاپشۇرغان «ۋەزىپە» بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزۈمنى ھەر ۋاقىت بىر تال كىچىككىنە دورا تابلېتكىسى ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭدا قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى پۈتۈن مۇساپىدە سوغۇق زەنجىرلىك توشۇش، تېمپېراتۇرىنى ھەر ۋاقىت ئۆلچەپ خاتىرىلەشتىن تارتىپ دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيەدىكى توڭلىتىپ قۇرۇتۇلغان پاراشوك ئوكۇلى ئىشلەپچىقىرىش سېخىنى لايىھەلەش ھەم قۇرۇش، تولۇق ئاپتوماتىك كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش ماشىنىسىدا مەھسۇلاتلارنىڭ ۋاكۇئۇملۇق ھىملىنىشىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، يەنە ھەر بىر باكتېرىيەسىز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئۆستۈرگۈچ دورىنى تەقلىدىي قاچىلاش سىنىقى ئىشلەشكىچە...

«دورىلارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.» يوۋ خەيتاۋ مۇنداق دېدى: «كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، دورىنىڭ سۈپەت، بىخەتەرلىكىگىمۇ مەڭگۈ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك».

【مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى】

دورا بىخەتەرلىكى جانغا چېتىلىدىغان ئىش.

يېڭى دورا، ياخشى دورىلار بىلەن تەمىنلەشنىڭ قولاي، ئەرزان بولۇشى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئاغرىقلارنىڭ جىددىي ئۈمىدى.

راككا قارشى دورىلاردىن تاموژنا بېجى ئالماسلىق، يېڭى دورىلارنى تەستىقلاشنى تېزلىتىش، پۈتۈن مۇساپىلىك سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، «بىخەتەر بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش، خاتىرجەم بولۇش»نى دورا ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، ئىشلىتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە كۈچ چىقاردى. سىياسەت پايدىسىنىڭ تەدرىجىي قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقلار خاتىرجەم دورا، ئەرزان دورا ئىشلىتەلەيدىغان بولىدۇ.

(مۇخبىرلار: چېن سۈك، چيۇ بىڭجېك، لياڭ شاۋفېي، جېن جىنشيۇ، يۈ رەنرەن)

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش: تۇرمۇشنى بارغانسېرى گۈزەل قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى قاتارلىق ئەمگەك كۆپ جۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كەنت قورغان زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ھەم ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى كۈچ تەشكىللەپ چىقىرىدىغان جايلار، كىرگۈزىدىغان جايلارغا بېرىپ نەق مەيداندا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇردى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە تېخىمۇ ئاكتىپ بولغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاساس قىلغان تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزىلاردىكى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 1 مىليون 207 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 330 مىڭ ئادەم قېتىم كۆپەيگەن.

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدە بىز ئىشىكىمىز ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇق، يەر تېرىغاندىن سىرت يەنە بىر ئۈلۈش كىرىمگە ئىگە بولدۇق، بۇنداق بولغاندا، ئائىلەم تېزلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ.» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيەسى قاراساي بازىرى باغچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خەيرىنىسا بەكرى.

■ دەل جايىدا باشقۇرۇش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش

يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەشتە ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى. ئادەمگە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كارغا كېلىش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارغا قارىتا ھەقىقىي ئىسمى بىلەن ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. «بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئاچسىڭىز، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ قەيەردە ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقى، قايسى ئىش تۈرىنى قىلىدىغانلىقى، كىرىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ.» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى دېھقان ئىشلەمچىلەر خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى خوڭۋۇ.

يېقىنقى نەچچە يىلدا، شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 4269 كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ خوتەي شىركىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش، ئالاقىدار سىياسەت تولۇقلىمىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق يېرىك پىلانىغا ئاساسەن، بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىدىن 40 مىڭ كىشى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن جەمئىي 59 مىڭ كىشى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىن بارغانسېرى كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىغا ماڭغان.

■ كىرىم مۇقىم بولۇش گۈزەل تۇرمۇشنى باشلاش

«مېنىڭ ھازىر خىزمىتىم بار، ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ پۇل تاپىمەن، ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ياخشى كۆرىمەن.» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئەيسەفىن توقۇمىچىلىق كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىسى ۋەتەنگۈل كېرەم خۇشال ھالدا.

ۋەتەنگۈلنىڭ ئۆيى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ياركۆۋرۈك يېزىسى ياركۆۋرۈك كەنتىدە ئىدى، ئىككى ئاي بۇرۇن، ئۇ تېخى ئوچاق بېشىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ئائىلە ئايالى ئىدى. بۇ زاۋۇتتا، ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشقان يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 900دىن ئارتۇق كىشى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچى 300 نەچچە.

«بىز مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، تۈرمۇ تۈر تۈزىتىش تەدبىرى، تۈزىتىش ۋاقىت چېكى تۈزدۇق، بولۇپمۇ خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە چېتىلىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ دەرھال تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىشقا ئورۇنلىشالىشىغا، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشالىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردۇق.» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چې يۈڭفۇ. «بىز تىرىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولىدىغان كونكرېت تەدبىرگە، مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق يېزىلاردىكى تېخىمۇ كۆپ ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىمىز.» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى.

تۈزىتىش تەدبىرلىرى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى سىياسەتلىرى ئەمەلىيلىشىپ، ۋەتەنگۈلگە ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچلىرىنى خىزمەتكە ئىگە قىلدى، كىرىمگە ئىگە قىلدى، روھىي قىياپىتىنىمۇ پۈتۈنلەي يېڭىلىدى.